# 21636 - نېمە ئۈچۈن قىيامەتنىڭ ۋاقتى بىلدۈرۈلمىگەن؟

## سۇئال

نېمە ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىدىن خەۋەرلەندۈرمىگەن؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلارئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى جانابى ئاللاھقاخاستۇر.

1-پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگەقىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەربەرمىدى، چۈنكىپەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ قىيامەتنىڭقاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

2- نېمەئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزگە قىيامەتنىڭۋاقتىدىن خەۋەر بەرمىدى؟ دەپ سورالسا،بۇنىڭ جاۋابى: ئاللاھنىڭ ھېكمىتىقىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئىنسانلاردىن مەخپىيتۇتۇشنى تەقەززا قىلدى.

بۇنىڭتەپسىلاتى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامئىتائەت قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇشبېشارەت بېرىش، ئاسىيلىق قىلغانلارغا دوزاخ ۋە ئۇنىڭدەھشىتى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈنئەۋەتىلدى. قىيامەتنىڭ ۋاقتى ئېنىقسىزبولمىغاندا، ئۇنىڭدىكى ھېكمەت ھاسىل بولمايدۇ.ھەر دەۋرىدە ياشىغان كىشلەرقىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى بىلەنئاگاھلاندۇرۇلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بولىدىغانۋاقتىنى بىلدۈرۈش ۋە ئېلان قىلىش ئۇنىڭدىنھاسىل بولىدىغان مەنپەئەتكە زىت كېلىپلا قالماستىنبەلكى بەزى نورمالسىزلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغاسەۋەپ بولغان بولاتتى. مەسىلەن،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا: قىيامەتبۈگۈندىن باشلاپ مىڭ يىلدىن كېيىن بولىدۇدېسە، ئەلۋەتتە ئۇلار بۇسۆزگە ئىشەنمەيتتى ۋە مەسخىرەقىلاتتى، ئۇنى ئىنكار قىلىشتا ھەددىدىن ئاشاتتى ۋەئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگەشەك قىلغۇچىلارنىڭ گۇمانى تېخىمۇ زىيادەبولغان بولاتتى. كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ ھېكمىتىقىيامەتنىڭ ۋاقتىنى مەخلۇقاتلاردىن مەخپىيتۇتۇشنى تەقەززا قىلدى. شۇنىڭدەك ئاللاھتائالا قىيامەتنىڭ باشلىنىشى بولغان ئۆلۈمنىڭۋاقتىنىمۇ ئىنسانلاردىن مەخپىي تۇتتى.

ئىمام ئۇلۇسىرەھىمەھۇللاھى مۇنداق دەيدۇ:”شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئەتنى يولغاقويۇشىدىكى ھېكمىتى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى مەخپىيقىلىشنى تەقەززا قىلدى. بۇ بولسا ئىنسانىنى ئاللاھقائىتائەت قىلىشقا ئۈندەش بىلەن بىرگە،گۇناھ-مەسىيەتتىن چەكلىنىشكەرىغبەتلەندۈرىدۇ. ئىنساننىڭ ئەجىلىنىمەخپىي قىلىنغانلىقىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە بايان قىلىنغانئايەتلەر،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭقىيامەتنىڭ ۋاقتىنى

بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەھەتتىن ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن قىيامەتكە ئاز قالغانلىقىنى بىلگەن ۋە بۇ توغرىدا ئۈممەتكە مەلۇمات بەرگەن".

"مۇسۇلمانلار قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇشى، بۇ قورقۇش بارلىق ئىشلاردا ئۇلارنى ئاللاھنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىلىپ بېرىشى،ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇپ، ياخشى ئىشلارنى تاللاپ قىلىشى، ئاسىيلىق ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىنىپ، قىيامەت توغرىسىدا ئۆز-ئارا ئىختىلاپ ۋە مىش-مىش سۆزلەرنى قىلىشماسلىقى لازىم".
[تەپسىر ئەلمەنار].

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رەھىم-شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشى ۋە توسۇلغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشى ئۈچۈن قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بەزى ئالامەتلەرنى ئاشكارا قىلدى،ئۇلار ھەر قېتىم قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرگەندە، قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن ئەنسىرىشى كۈچىيىدۇ ۋە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ-دە، نەتىجىدە ياخشى ئەمەللەرگە يۈزلىنىش ئارقىلىق قىيامەتكە پۇختا تەييارلىق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَهَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّا ٱلسَّاعَةَ أَن تَأۡتِيَهُم بَغۡتَةٗۖ فَقَدۡ جَآءَ أَشۡرَاطُهَاۚ فَأَنَّىٰ لَهُمۡ إِذَا جَآءَتۡهُمۡ ذِكۡرَىٰهُمۡ﴾ تەرجىمىسى:«ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) پەقەت قىيامەتنىڭ ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، شۈبھىسىزكى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كەلدى، ئۇلارغا قىيامەت كەلگەندە ئۇلار قانداقمۇ ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ (يەنى بۇ چاغدا ۋەز ـ نەسىھەت ئالغانلىقنىڭ پايدىسى بولمايدۇ).» [سۈرە مۇھەممەد 18-ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«ئالتە تۈرلۈك ئالامەتتىن بۇرۇن: كۈن مەغرىبتىن چىقىشتىن، ئاسماننى تۈتۈن قاپلاشتىن،دەججال ئاشكارا بولۇشتىن، چوڭ ھايۋان چىقىشتىن،ئۆلۈم كېلىشتىن ياكى قىيامەت بولۇشتىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار.»**[مۇسلىم رىۋايىتى 2947- ھەدىس].

(يەنى قىيامەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدىغان ئالتە ئالامەت كۆرۈلۈشتىن ۋە ئىلگىرى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار،ئۇنىڭدىن كېيىن قىلىنغان ئەمەللەر قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ).

قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئالامەتلەر كۆرۈلگەندە كىشىلەر قورقىنىدىن گاڭگىراپ،ھېچ ئەمەل قىلىشقا تاقىتى بولمايدۇ ياكى ئۇلار ئۈچۈن تەۋبىنىڭ ئىشىكى تاقىلىپ،ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئىنسان ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ياخشى ئەمەل قىلىشقا ئالدىرىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ".

ئاللاھ تائالادىن ھەممەيلەننى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئەتە-ئىبادەتنى تولۇق ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىشنى سورايمىز.ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:ئىنزامىددىن تەمكىنى